سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر
يېڭى جۇڭگونىڭ قايناق - تاشقىنلىق يىللىرى

# نوپۇس سانىنى كونترول قىلىش   ئاھالىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تېلېگراممىسى** 1980 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى «دۆلىتىمىز نوپۇسىنىڭ ئېشىشىنى كونترول قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا بارلىق كوممۇنىست پارتىيە ئەزالىرى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرىغا ئوچۇق خەت»نى ئېلان قىلدى، بۇ ئوچۇق خەت كەڭ كوممۇنىست پارتىيە ئەزالىرى ۋە كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرىغىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن جەمئىيەتكە، دۆلىتىمىزنىڭ پۈتۈن پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە نىسبەتەن چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلدى.

ئوچۇق خەتتە نوپۇسنىڭ ئېشىشىنى كونترول قىلىشنىڭ جەمئىيەت، ئىقتىساد تەرەققىياتىدىكى مۇھىم رولى ئومۇميۈزلۈك شەرھلىنىپ، دۆلىتىمىزنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى ئۈچۈن توغرا يۆنىلىش كۆرسىتىپ بېرىلدى. خەتتە ئېنىق قىلىپ مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلدى: «مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا دۆلىتىمىز نوپۇسىنىڭ ئومۇمىي سانىنى 1 مىليارد 200 مىليون ئىچىدە كونترول قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، گوۋۇيۈەن پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە چاقىرىق چىقىرىپ، بىر جۈپ ئەر - خوتۇننىڭ بىرلا پەرزەنتلىك بولۇشىنى تەشەببۇس قىلدى. بۇ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ سۈرئىتى ۋە ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك، كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ ساغلاملىقى ۋە بەختىگە مۇناسىۋەتلىك، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ كەلگۈسى مەنپەئىتى ۋە ھازىرقى مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور تەدبىر».

1981 - يىلى 11 - ئايدا، 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 - يىغىنىدا تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلدى: «نوپۇسنىڭ سانىنى چەكلەپ، ئاھالىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش دەل بىزنىڭ نوپۇس سىياسىتىمىز.» 1982 - يىلى 9 - ئايدا، پارتىيە 12 - قۇرۇلتىيىدا پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش دۆلىتىمىزنىڭ بىر تۈرلۈك ئاساسىي دۆلەت سىياسىتى قىلىپ بېكىتىلدى، شۇ يىلى 12 - ئايدا، يېڭىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»دا ئېنىق قىلىپ مۇنداق بەلگىلەندى: «دۆلەت پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇپ، نوپۇسنىڭ ئېشىشىنى ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى پىلانى بىلەن ماسلاشتۇرىدۇ». شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پىلانلىق تۇغۇت ئاساسىي دۆلەت سىياسىتى ئاساسىي قانۇن شەكلىدە بېكىتىلدى.

20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىنىڭ ئوتتۇرا، ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، دۆلىتىمىز نوپۇسىنىڭ تەكرار كۆپىيىش شەكلىدە تۇغۇلۇش نىسبىتى يۇقىرى بولۇش، ئۆلۈش نىسبىتى تۆۋەن بولۇش، ئېشىش نىسبىتى يۇقىرى بولۇشتىن تۇغۇلۇش نىسبىتى تۆۋەن بولۇش، ئۆلۈش نىسبىتى تۆۋەن بولۇش، ئېشىش نىسبىتى تۆۋەن بولۇشقا قاراپ ئۆزگىرىشتەك تارىخىي بۇرۇلۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، تۇغۇت سەۋىيەسى تۆۋەن دۆلەتلەر قاتارىغا كىردى.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# زەھەر چەكلەش قەھرىمانى چېن جيەنجۈن: يولۋاس ئۇۋىسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ 25 يېشىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولۇش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، كۈنمىڭ، 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تېلېگراممىسى**(مۇخبىر ۋاڭ يەن) يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ ۋېنشەن جۇاڭزۇ - مياۋزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى يەنشەن ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ساقچىلار تارىخى سارىيىنىڭ كۆرگەزمە ئىشكاپىغا بىر قىزىل تاشلىق قورال كىنىشكىسى قويۇلغان. ئېچىپ قويۇلغان بېتىگە «21 ياش» دەپ يېزىلغان بولۇپ، ئالدىدىكى چۈشەندۈرۈش تاختىسىغا «ئىنقىلابىي قۇربان چېن جيەنجۈندىن قالغان يادىكارلىق» دەپ يېزىلغانىدى. ئىنقىلابىي قۇربان، 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى چېن جيەنجۈن زەھەر چەكلەش سېپىدە قۇربان بولغان چېغىدا ئاران 25 ياشتا ئىدى.

چېن جيەنجۈن يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ ۋېنشەن ئوبلاستى مالىپو ناھىيەسىدىن، ئۇنىڭ دادىسى پېشقەدەم جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىسى ئىدى، ئۇ چوڭ ئوغۇل بولۇش سۈپىتى بىلەن، كۆرگەننىڭ كۆزىگە سىڭىپ، ئاڭلىغاننىڭ قۇلىقىغا دېگەندەك، كىچىكىدىن تارتىپلا خەلق ساقچىسى بولۇش ئىرادىسىنى تىكلىگەن. 1982 - يىلى دۆلىتىمىزنىڭ تۇنجى زەھەر چەكلەش كەسپىي قوشۇنى يۈننەندە بارلىققا كەلدى. شۇ يىلى چېن جيەنجۈن يەنشەن ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى زەھەر چەكلەش ئەترىتىنىڭ خەلق ساقچىسى بولغان. جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان بىرىنچى يىلىدا، ئۇ ئىلگىرى - كېيىن 24 قېتىم ئۆزى يالغۇز يولۋاس ئۇۋىسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، 19 زەھەر جىنايەتچىسىنى تۇتۇپ، 50 نەچچە كىلوگرام ئەپيۇننى قولغا چۈشۈرۈپ، زەھەر ئەتكەسچىلىكى جىنايىتىگە زەربە بېرىش ھەرىكىتى ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان.

1987 - يىلى 12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، زەھەر ئەتكەسچىلىرىنى تۇتۇش، تەھقىقلەش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىۋاتقاندا، چېن جيەنجۈن «خوجايىن» قىياپىتىدە ياسىنىپ، نۇرغۇن نەق پۇل ئېلىپ زەھەر ئەتكەسچىلىك جىنايەتچىلىرى بىلەن ئۇچراشقان. لېكىن ھىيلىگەر جىنايەتچىلەر سودىلىشىش ئورنىنى ۋاقىتلىق ئۆزگەرتكەچكە، چېن جيەنجۈن سەپداشلىرىغا خەۋەر قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن. 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ئۇ ئۆزى يالغۇز «يولۋاس ئۇۋىسى»غا كىرىپ، ئالتە زەھەر ئەتكەسچىلىك جىنايەتچىسى بىلەن ھەپىلەشكەن. ئادەم، زاڭ مالنى تەڭلا قولغا چۈشۈرگەندە، جىنايەتچىلەر تۇيۇقسىز پوروخ مىلتىق بىلەن ئوق چىقىرىپ قولغا ئېلىشقا قارشىلىق كۆرسەتكەن، چېن جيەنجۈن قورساق قىسمى يارىلانغان ئەھۋالدا كەسكىنلىك بىلەن قايتۇرما زەربە بېرىپ، بىر جىنايەتچىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. نۇرغۇن پۇل ۋە قولغا چۈشۈرگەن 7.5 كىلوگرام ئەپيۇننى قوغداش ئۈچۈن، ئۇ قەيسەرلىك بىلەن جىنايەتچىلەر بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشىپ، يەنە بىر ئادەمنى يارىلاندۇرغان، ئاخىرىدا دۈشمەن كۆپ بولغانلىقتىن، قارشى تەرەپ توقماق بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا ئۇرغان، قان كۆپ چىقىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇ بەختكە قارشى قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

چېن جيەنجۈننىڭ رەھبەرلىرى ۋە سەپداشلىرى نەق مەيدانغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، قايغۇ - ھەسرەتنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، ئىككى سائەت ئىچىدە بەش جىنايەتچىنى قولغا چۈشۈرۈپ، نۇرغۇن پۇل ۋە زەھەرنى قايتۇرۇۋالغان. ئۇنىڭ سەپدىشى ئەسلەپ مۇنداق دېدى: تاكى ناھىيە بازىرىغا ئېلىپ بارغۇچە، چېن جيەنجۈننىڭ ئوڭ قولى يەنىلا قورال تۇتۇپ تۇرغان ھالەتتە ئىدى.

چېن جيەنجۈن قۇربان بولغاندىن كېيىن، 1988 - يىلى 2 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى دەپ تولۇقلاپ ئېتىراپ قىلىندى، 4 - ئايدا، يۈننەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت چېن جيەنجۈننى ئىنقىلابىي قۇربان، دەپ تەستىقلىدى، شۇ يىلى 5 - ئايدا، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى دەپ تولۇقلاپ نام بېرىلدى.

قەھرىمان ئاكىسىنىڭ تەسىرىدە، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىنىڭ ئالدى - كەينىدە، چېن جيەنجۈننىڭ ئىككىنچى ئىنىسى چېن ۋېيگو، تۆتىنچى ئىنىسى چېن ۋېيجياڭ ساقچى مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئارقا - ئارقىدىن مالىپو ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە كىرىپ شەرەپلىك ھالدا خەلق ساقچىسى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئاكىسىنىڭ داۋاملاشتۇرۇپ بولالمىغان ئارزۇسىنى داۋاملاشتۇرماقتا. چېن جيەنجۈن قۇربان بولغاندا قىزى چېن يىلىن ئاران بىر يېرىم ياشتا ئىدى، كۆپ يىللاردىن بۇيان، بوۋىسى، مومىسى، تاغىلىرىنىڭ تەربىيەسىدە ئۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئەلاچى بولۇپ، ئىمتىھان بېرىپ ئەلا نەتىجە بىلەن نەنجىڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسىگە كىردى ھەم ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئالدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ پەرزەنتى، دادام ماڭا ئۆمۈرلۈك شان - شەرەپ قالدۇردى، ھەقىقىي قابىلىيىتىمگە، ئەمەلىي بىلىمىمگە تايىنىپ، جەمئىيەتتە پۇت تىرەپ تۇرۇپ، تەشكىلگە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرمەسلىكىم، شۇندىلا دادامغا ئەڭ چوڭ تەسەللىي بەرگەن بولىمەن». 2016 - يىلى 3 - ئايدا، يەنشەن جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلار تارىخى سارىيى قۇرۇلدى، «قەھرىمان نەمۇنىچى» توغرىسىدىكى مەزمۇنلار نۇرغۇن خەلق ساقچىسىغا قەھرىماننىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى، يەنشەن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىدا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى! «بىز يېڭى بىر ئەۋلاد زەھەر چەكلەش خەلق ساقچىلىرى قەھرىمان چېن جيەنجۈننىڭ جاسارىتى ۋە غەيرىتىگە ئىنتايىن قايىل، ئۇنىڭ روھى بىزنى مەڭگۈ ئىلھاملاندۇرىدۇ!» دېدى يەنشەن ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى زەھەر چەكلەش چوڭ ئەترىتىنىڭ چوڭ ئەترەت باشلىقى شى زېگاڭ.

# دىققەت مۇھىم نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈلدى، قىيىن مەسىلىلەر ھەل قىلىندى، كەسپ كۆلىمى ئۈزلۈكسىز زورايتىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۈچىنچى تەرەپ شىركەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئىستاتىستىكا قىلىشىچە، دۆلەت بايرىمىلىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە شىنجاڭ دۆلەت ئىچىدىكى ساياھەتچىدىن 12 مىليون 478 مىڭ 900 ئادەم قېتىمنى كۈتۈۋالغان، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 22.19% ئاشقان، دۆلەت ئىچى ساياھەت كىرىمى 17 مىليارد 577 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 23.37% ئاشقان، كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى ئومۇمىي سانى ۋە ساياھەت كىرىمىدە قوش يېڭى رېكورت يارىتىلغان.

### ■ مەسىلە توغرا تېپىلىپ، ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىلدى

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى باش تېما تەربىيەسىدە، مەنزىرە رايونىدىكى «ھاجەتخانىغا كىرىش قىيىن بولۇش»، ساياھەتچىلىكنىڭ ئاۋات مەزگىلىدە «ياتاقتا يېتىش قىيىن بولۇش»، كاسات پەسلىدە ساياھەتچىلەر ئاز بولۇش قاتارلىق قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرىنى چۆرىدەپ، مەنزىرە رايونىغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈش تىزىملىكى تۈزۈپ چىقىپ، ساياھەت پۇقراۋى قونالغۇسى ۋە ساياھەت رايونى ھاجەتخانىسى قۇرۇشنى ساياھەت مۇلازىمىتى سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىيات مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇش، ئاممىنىڭ ساياھەت ئىستېمال ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىكى مۇھىم خىزمەت قىلدى.

مۇخبىرنىڭ ئىگىلىشىچە، جەمئىي 150 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ ساياھەت پۇقراۋى قونالغۇسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، يۆلەش، قۇرۇشتىن باشقا، ئىلى ئوبلاستى يەنە ساياھەت رايونى ھاجەتخانىسىدىن 334نى كۆپەيتىپ قۇرۇپ، «ئۈچ قىيىن بولۇش، بىر راۋان بولماسلىق» (ھاجەتخانىغا كىرىش قىيىن بولۇش، ئاپتوموبىل توختىتىش قىيىن بولۇش، ماي قاچىلاش قىيىن بولۇش، خەۋەرلىشىش سىگنالى راۋان بولماسلىق) مەسىلىسىنى ئۈزۈل - كېسىل ياخشى ھەل قىلدىكەن. ئۆگىنىش - تەربىيەدە يۈكسىلىش، مەسىلىنى تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ تېپىش، تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىپ ئويلىنىش ئارقىلىق، ئىلى ئوبلاستى ساياھەت پۇقراۋى قونالغۇسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسى بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، «شەھەر قۇرۇلۇشى + ساياھەت ئىقتىسادى» ئەندىزىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، چوڭقۇشتاي، سەككىز قىرلىق شەھەر. لىجيې كوچىسى، ئالتە شوئار كوچىسى قاتارلىق بىر تۈركۈم مەدەنىيەت - ساياھەت يۇغۇرما ئۈلگە رايونى قۇرۇشنى تېزلىتىپ، «غىزالىنىش، قونالغۇ، يول يۈرۈش، ساياھەت قىلىش، مال سېتىۋېلىش، كۆڭۈل ئېچىش»نى چۆرىدەپ، ساياھەت كەسپ زەنجىرىنى ئۇزارتىپ، ساياھەت ئارقىلىق خەلقنى بېيىتىشنىڭ ئاساسىي قاتلام ئاممىسىنى قاپلىشىنى ئىشقا ئاشۇرىدىكەن.

كۇچا ناھىيەسى قونالغۇ شارائىتى بىرلا خىل بولۇش، ھاجەتخانىغا كىرىش قىيىن بولۇش قاتارلىق ساياھەتچىلىك تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش بىلەن بىللە، باش تېما تەربىيەسىدە، تىيانشان سىرلىق چوڭ جىلغىسى مەنزىرە رايونىغا قارىتا چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەم ئالدىنقى مەزگىلدىكى ئاقسۇ ۋىلايىتى تەشكىللىگەن ھېس قىلىش شەكلىدىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا قايتما ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى ئىنچىكە تەكشۈردى.

«نۆۋەتتە، تۈزىتىش ئارقىلىق، چوڭ جىلغىدا بىر تۈركۈم ئارام ئېلىش ئورۇندۇقلىرى كۆپەيتىلدى ھەم جىلغا ئىچىدىكى قارا يامغۇردا بۇزۇلۇپ كەتكەن ئەسلىھەلەر رېمونت قىلىنىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ساياھەت رايونىدىكى ھاجەتخانىلار قايتىدىن رېمونت قىلىنىپ، تازىلىق قىلىشقا مەخسۇس ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلدى.» كۇچا ناھىيەلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە - رادىيو - تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جۇ پىڭ مۇنداق دېدى: بىز تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان مەسىلىلەرگە ئىز قوغلاپ قايتا قاراپ چىقىپ، ساياھەتچىلەرنىڭ رازى بولۇش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى نىشان قىلىپ، مەسىلىلەرنى تولۇق تۈزىتىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدۇق ھەم ئۇزاققىچە چىڭ تۇردۇق.

### ■ مەۋقە كەلگۈسىگە قويۇلۇپ، تۈزىتىش تۇتۇلدى

باش تېما تەربىيەسىدە، ئالتاي ۋىلايىتى ساياھەت بازىرىنى 100 كۈنلۈك مەخسۇس تۈزەشنى يولغا قويۇپ، بازاردىكى قالايمىقانچىلىقلارنى چىڭ كۆزلەپ، كىنىشكىسىز تىجارەت قىلىش، دائىرىدىن ھالقىپ تىجارەت قىلىشنى تۈزەپ، ساياھەت كوپېراتىپلىرىنىڭ ئاپتوموبىل ئىجارىگە ئېلىپ ئىشلىتىش ھەرىكىتى قاتارلىقلارنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ۋەزىيەتنى قەرەللىك تەھلىل قىلىپ، ساياھەت بازىرىدا ساقلىنىۋاتقان ئاجىز ھالقىلار ۋە گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تۈرمۇتۈر ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلدى.

«بىز باشتىن - ئاخىر ساياھەتچىلەرنىڭ ھۇزۇر ھېس قىلىشىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ساياھەت مۇلازىمىتى سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ ئاخىرغىچە ئىزچىللاشتۇرۇپ، بايقالغان مەسىلىلەرنى دەرھال تەكشۈرۈپ، دەرھال تۈزەتتۇق، نۆۋەتتە تۈزىتىش نىسبىتى 95%كە يەتتى» دېدى قاناس مەنزىرە رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى ساياھەت ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچى خادىمى جاڭ يەنجۈەن.

ساياھەتچىلىكنىڭ «شىددەتلىك» تەرەققىيات ۋەزىيىتىگە قارىتا، تۇرپان شەھىرى باش تېما تەربىيەسىدە، ساياھەت ئۇل ئەسلىھەلىرى ئاجىز بولۇش مەسىلىسىنى كۈچەپ ھەل قىلىش بىلەن بىللە، يەنە ساياھەت كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىنى چىڭ كۆزلەپ، ساياھەت ئىقتىسادى مەخسۇس لايىھەسى قۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالدىن مۇلازىمەت قىلىپ، چەكلىك مۇددەتتە ھەل قىلىش مېخانىزمىنى يولغا قويۇپ، كارخانىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى تىجارەت - سودا مۇھىتى يارىتىپ، تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچىگە ئىگە زور تۈركۈم ساياھەت كارخانىلىرىنى ماكانلىشىشقا جەلپ قىلدى.

«ھۆكۈمەتنىڭ بىزنى قوللاش سالمىقى ئىنتايىن زور بولدى، بىزگە توك ئىشلىتىش، سۇ ئىشلىتىش، ئادەم ئىشلىتىش ھەمدە كىنىشكا بېجىرىش قاتارلىق ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىپ بېرىپلا قالماي، يەنە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىشىك ئالدىغىچە بېرىپ مۇلازىمەت قىلىپ، بىزگە تەرەققىياتتىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بەردى، بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتقا بولغان ئىشەنچىمىز تولۇپ تاشتى. بۇ يىل تۇرپان شەھىرىگە ماكانلىشىپ تەرەققىي قىلغان «يار گۈللۈكى» پۇقراۋى قونالغۇسىنىڭ مەسئۇلى لى يۈنخۇي مۇنداق دېدى: بۇ يەرنىڭ ساياھەتچىلىكنىڭ «شىددەتلىك» تەرەققىيات ۋەزىيىتى ۋە ياخشى تىجارەت - سودا مۇھىتىنى كۆرۈپ، تۇرپان شەھىرىگە مەبلەغ سېلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇشنى قارار قىلدۇق.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا بايقالغان پۇقراۋى قونالغۇ ساياھىتى تەرەققىياتىدا يەنىلا ساقلىنىۋاتقان تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا، لوپنۇر ناھىيەلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە - رادىيو - تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى چۈن شۆفېڭ مۇنداق دېدى: «باش تېما تەربىيەسى جەريانىدا، ناھىيە ساياھەت مۇلازىمىتى ماھارىتى بويىچە تەربىيەلەش كۇرسى ئېچىپ، تىجارەتچىلەرنى تۇرپان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ پۇقراۋى قونالغۇ تىجارەت ئەندىزىسىنى كۆزدىن كەچۈرۈش، ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىز تېخىمۇ كۆپ ئۆگىنىش، ئالماشتۇرۇش سۇپىسى بەرپا قىلىپ، ‹كىرگۈزۈش، چىقىرىش› ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، پۇقراۋى قونالغۇ تىجارەتچىلىرىنى تەربىيەلەش سالمىقىنى يەنىمۇ زورايتىپ، پۇقراۋى قونالغۇلارنى تەشۋىق قىلىش، تونۇشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ماركېتنىڭ يوللىرىنى كېڭەيتىپ، دېھقانلارنىڭ مەدەنىيەت كىچىك مەنزىرىسى، كۆرگۈچىلىكى بار جاي، ئۆزگىچە LOGO بەرپا قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، ساياھەتچىلەرنى ئېسىدە قالىدىغان، تۇرۇپ قالىدىغان قىلىپ، ‹ئارقا كوزۇپ ئىقتىسادى›نى جانلاندۇرۇپ، پۇقراۋى قونالغۇ كەسپ زەنجىرىنى ئۇزارتىمىز».

**(مۇخبىرلىرىمىز جاڭ يۈنمېي، شيا جىڭ، ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز خۇۋاڭ جىڭ، لۇ نا، شيا رېنشەن، ياڭ ۋېنخاۋ، ليۇ ۋېنخۇا، ياڭ بو يازغان)**

(بېشى 1 - بەتتە)

شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، شىمالىي شىنجاڭ(شەرقىي شىنجاڭ) سۇچىلىق خىزمىتىنى يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشنى تەتقىق قىلىش، پىلانلاش ۋە ئۇنىڭغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: شىمالىي شىنجاڭ(شەرقىي شىنجاڭ) رايونى شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نۇقتىلىق رايون، شىمالىي شىنجاڭ(شەرقىي شىنجاڭ)نىڭ سۇ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، سۇ بايلىقىنىڭ شىمالىي شىنجاڭ(شەرقىي شىنجاڭ) ئىقتىسادى، جەمئىيىتىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتى ۋە ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىدىكى تىرەكلىك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش يۈكسەكلىكىدىن چىقىش قىلىپ، شىمالىي شىنجاڭ(شەرقىي شىنجاڭ) سۇچىلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئەستايىدىل تەپەككۇر قىلىپ، تەتقىق قىلىپ، پائال تەشەببۇسكار نەتىجە يارىتىپ، سۇنى تىزگىنلەش، سۇچىلىقنى گۈللەندۈرۈش، سۇ تېجەش، سۇ باشقۇرۇشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: باش شۇجى شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «سۇ تېجەشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، بوشلۇق تەكشى بولۇش، سىستېمىلىق تۈزەش، ئىككى قولدا كۈچەش» سۇنى تىزگىنلەش فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، سۇ بايلىقى بىخەتەرلىكى ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، ئېكولوگىيەگە ئىشلىتىلىدىغان سۇنى بىرتۇتاش ياخشى پىلانلاپ، سۇ بايلىقىنى ئەلالاشتۇرۇپ تەقسىملەش ۋە ئىلمىي، مۇۋاپىق پايدىلىنىشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئەڭ قاتتىق بولغان سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سۇ ئىشلىتىش ئومۇمىي مىقدارى بىلەن پىلانلىق سۇ ئىشلىتىشنى باشقۇرۇشنى چىڭىتىپ، سۇ بايلىقىدىكى ئېلىش، ئىشلىتىش، سەرپ قىلىش، چىقىرىش قاتارلىقلارنى ھەرىكەت ھالىتىدە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، يەر ئاستى سۈيىنى ھەددىدىن زىيادە ئېلىشنى ھەقىقىي چىڭ تۇتۇپ تۈزەپ، يېزا ئىگىلىك سۇ باھاسى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، سۇ ئىشلىتىش ئۇسۇلىنىڭ يىرىك بولۇشتىن تېجەشلىك، تۆجۈپىلىك بولۇشقا ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇپ، سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى ۋە سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. سۇچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش، سۇچىلىق ساھەسىدىكى كۈچلۈك نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ھەقىقەتەن ئېھتىياجلىق بولۇش، ئېكولوگىيە بىخەتەر بولۇش، ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولۇش» پرىنسىپى بويىچە، سۇچىلىق قۇرۇلۇشىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، سۇچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ بىخەتەرلىك تۆۋەن چېكىنى قەتئىي ساقلاپ، سۇ بايلىقىنى تەڭشەش، ساقلاش ئىقتىدارىنى سىجىل ئۆستۈرۈش كېرەك. سۇ ئىشلىتىش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، ئەلالاشتۇرۇپ، ئېكولوگىيەگە ئىشلىتىلىدىغان سۇغا كاپالەتلىك قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، سۇ مۇھىتىنى ئاسراش ۋە سۇ ئېكولوگىيەسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ سۇ بايلىقىنىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارىدىن ئېشىپ كەتمەسلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، سۇ بايلىقىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى، ئېكولوگىيە ئۈنۈمىنى ئۆزئارا بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. دەريا - كۆل باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇشنى يېتەكچى قىلىپ، سۇنى تىزگىنلەش تۈزۈلمە - مېخانىزمىنى يەنىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيەنىڭ سۇچىلىق خىزمىتىگە بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، سۇچىلىق ئىسلاھاتى، تەرەققىياتىنىڭ توغرا يۆنىلىشىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تارماقلارنىڭ ماسلىشىشى ۋە رايونلارنىڭ بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىشىنى كۈچەيتىپ، تەڭ تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرىدىغان، ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىدىغان خىزمەت ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، پۇختا، كۈچلۈك ھەرىكەت ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاممىنىڭ سۇ بايلىقى، سۇ ئېكولوگىيەسى، سۇ مۇھىتىغا بولغان ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)